# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


سۆز بېشى ........................................ 2

بىرىنچى باب ئومۇمىي پروگرامما .................. 8

ئىككىنچى باب پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇ-
رىيىتى ............................................ 21

ئۈچىنچى باب دۆلەت ئاپپاراتلىرى .................. 28

تۆتىنچى باب دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت
گېربى ۋە پايتەخت .............................. 58



**图书在版编目(CIP)数据**

中华人民共和国宪法/全国人大常委会编;新疆维吾尔自治区人大常委会办公厅法律法规译文审定小组译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.4
(中华人民共和国法律丛书)
ISBN 7—228—08700—3

Ⅰ.中… Ⅱ.①全… ②新… Ⅲ.中华人民共和国宪法—中国—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.D921

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 029497 号

责任编辑:阿里木江·塔伊尔
责任校对:古丽夏尔·尼格买提

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 2 印张
2004 年 4 月第 1 版 2004 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—4060

ISBN 7—228—08700—3 定价(共 50 本):190.00 元

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى

(1982 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان، 1982 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئېلانى بىلەن يولغا قويۇلغان، 1988 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى» گە، 1993 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى» گە، 1999 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى» گە ۋە 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى» گە ئاساسەن تۈزىتىلدى)

## سۆز بېشى

جۇڭگو دۇنيادا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرى. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە پارلاق مەدەنىيەت ياراتتى، ئۇلار شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە.

فېئودال جۇڭگو 1840 - يىلىدىن كېيىن، پەيدىنپەي يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. جۇڭگو خەلقى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ۋە دېموكراتىيە - ئەركىنلىك يولىدا ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ باتۇرانە كۈرەش قىلدى.

20 - ئەسىردە، جۇڭگودا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى.

1911 - يىلى سۇن جوڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، جۇڭخۇا مىنگونى بەرپا قىلدى، شۇنداقتىمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش تارىخىي ۋەزىپىسى ئورۇندالمىدى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ يولباشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان جاپالىق، ئەگرى - توقاي قوراللىق كۈرەشلەرنى ۋە باشقا شەكىلدىكى كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 1949 - يىلى



جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىر ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. جۇڭگو خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جەمئىيىتىمىز يېڭى دېموكراتىزمدىن پەيدىنپەي سوتسىيالىزمغا ئۆتتى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇندالدى، كىشىنى كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈم يوقىتىلدى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلدى. ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى، ماھىيەتتە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جاھانگىرلىك ۋە زومىگەرلىكنىڭ تاجاۋۇزى، بۇزغۇنچىلىقى ۋە قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىكى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە خەۋپسىزلىكىنى قوغداپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. مۇستەقىل، بىر قەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىستىك سانائەت سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ۋۇجۇدقا كەلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى كۆرۈنەرلىك يۈكسەلدى. مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلار زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، سوتسىيالىستىك

ئىدىيىۋى تەربىيىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا ياخشىلاندى.

جۇڭگودا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەرلەرنى يېڭىشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى. دۆلىتىمىز ئۇزاققىچە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ، كۈچنى توپلاپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى داۋاملىق تۈردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمغا خاس تۈزۈملەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىنى پەيدىنپەي



زامانىۋىلاشتۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىزنى قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

دۆلىتىمىزدە، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى، لېكىن سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. جۇڭگو خەلقى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر ۋە دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشى شەرت.

تەيۋەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ بىر قىسمى. ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداش تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارغا تايىنىش، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش شەرت. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى قاتناشقان، بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپى قۇرۇلدى، بۇ بىرلىك سەپ داۋاملىق

مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىرلىك سەپ تەشكىلاتى، ئۇ ئۆتمۈشتە مۇھىم تارىخىي رول ئوينىدى، بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا، ئىجتىمائىي ھاياتتا ۋە سىرت بىلەن بولغان دوستانە پائالىيەتلەردە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلەردە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي كېڭىشىش تۈزۈمى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا قىلغان، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى، بۇ مۇناسىۋەت داۋاملىق كۈچىيىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرىشىدە چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش شۇنداقلا يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم. دۆلەت بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۇنيا خەلقىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى دۇنيانىڭ ئىستىقبالى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. جۇڭگو مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى



تاشقى سىياسەتتە چىڭ تۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق، بىر - بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تىنچ ئۆتۈشتىن ئىبارەت بەش پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرىدۇ؛ جاھانگىرلىككە، زومىگەرلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدۇ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداش، مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى ھەققانىي كۈرەشلىرىگە مەدەت بېرىدۇ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بۇ ئاساسىي قانۇندا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش نەتىجىلىرى قانۇن شەكلىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بەلگىلەندى. بۇ، دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇننى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مىزانى قىلىشى شەرت ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززىتىنى ساقلاش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بۇرچى بار.

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پروگرامما

1 - ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى — ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورلۇقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت.

سوتسىيالىستىك تۈزۈم — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈپ تۈزۈمى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

2 - ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلىرىدۇر.

خەلق دۆلەت ئىشلىرى، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى، ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر بىلەن باشقۇرىدۇ.

3 - ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى يولغا قويىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىمۇ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، خەلق ئالدىدا جاۋابكار



بولىدۇ، خەلقنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

مەركەزدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرى بىلەن جايلاردىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە جايلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئايرىلىدۇ.

4 - ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ھەممە مىللەت باپباراۋەر. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئىي قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان قىلمىشلارنى مەنئىي قىلىدۇ.

دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ، ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس قىلىنىدۇ، ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزۈلىدۇ. مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر.

مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش

ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

5 - ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدۇ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇلىدۇ.

دۆلەت سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بىرلىكى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ.

ھەر قانداق قانۇن، مەمۇرىي نىزام ۋە يەرلىك نىزام ئاساسىي قانۇنغا زىت كەلسە بولمايدۇ.

بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى شەرت. ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلار سۈرۈشتۈرۈلۈشى شەرت.

ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

6 - ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى — ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، يەنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدۇر. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈم يوقىتىلغان بولىدۇ، ھەر كىم قابىلىيىتىگە يارىشا



ئىشلەش، ھەر كىمگە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

دۆلەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرىدۇ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساس قىلىنىدىغان، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەقسىمات تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدۇ.

7 - ماددا دۆلەت ئىگىلىكى، يەنى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىك — خەلق ئىگىلىكىدىكى يېتەكچى كۈچ. دۆلەت دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

8 - ماددا يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ئائىلە ھۆددىگەرلىكى ئاساس قىلىنغان، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويىدۇ. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنات - سودا، ئامانەت - قەرز، ئىستېمال قاتارلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئىگىلىكى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكىدۇر. يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارغا قاتناشقان ئەمگەكچىلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق تاغنى باشقۇرۇش، ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە قالدۇرۇق چارۋىلارنى بېقىشقا ھوقۇقلۇق.

شەھەر - بازارلاردىكى قول سانائەت، سانائەت،

بىناكارلىق، ترانسپورت، سودا، مۇلازىمەتچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىكىدۇر.

دۆلەت شەھەر - يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، كوللېكتىپ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىدۇ، يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ.

**9 - ماددا** قېزىلما زاپىسى، سۇ، ئورمان، تاغ، يايلاق، بوز يەر، ساھىل قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار دۆلەت ئىلكىدە يەنى ئومۇمىي خەلق ئىلكىدە بولىدۇ؛ قانۇندا كوللېكتىپنىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئورمان ۋە تاغ، يايلاق، بوز يەر، ساھىل بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

دۆلەت تەبىئىي بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، ئەتىۋارلىق ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى قوغدايدۇ. ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ تەبىئىي بايلىقنى ھەر قانداق يول بىلەن ئىگىلىۋېلىشى ياكى بۇزۇشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

**10 - ماددا** شەھەردىكى يەر دۆلەت ئىلكىدە بولىدۇ.

يېزىدىكى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يەرنىڭ قانۇندا دۆلەت ئىلكىدە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقىلىرى كوللېكتىپ ئىلكىدە بولىدۇ؛ ئۆيلۈك يەر ۋە قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق تاغمۇ كوللېكتىپ ئىلكىدە بولىدۇ.

دۆلەت جامائەت مەنپەئىتى ئېھتىياجى بىلەن ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە يەرنى ئالسا ياكى ئىشلەتسە بولىدۇ ھەمدە



تولۇقلىما بېرىدۇ.

ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ يەرنى ئىگىلىۋېلىشىغا، ئېلىش - سېتىشىغا ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ.

يەر ئىشلەتكۈچى بارلىق تەشكىلات ۋە شەخس يەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشى شەرت.

**11 - ماددا** قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدىكى يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

دۆلەت يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. دۆلەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام، مەدەت بېرىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

**12 - ماددا** سوتسىيالىستىك جامائەت مال - مۈلكى مۇقەددەستۇر، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ.

دۆلەت سوتسىيالىستىك جامائەت مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ. ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ دۆلەت ۋە كوللېكتىپ مال - مۈلكىنى ھەر قانداق يول بىلەن ئىگىلىۋېلىشى ياكى بۇزۇشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

**13 - ماددا** پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق خۇسۇسىي مال -

مۇلكگە چېقىلىشقا بولمايدۇ.

دۆلەت پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە قوغدايدۇ.

دۆلەت جامائەت مەنپەئىتى ئېھتىياجى بىلەن، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي مال - مۈلكىنى ئالسا ياكى ئىشلەتسە بولىدۇ ھەمدە تولۇقلىما بېرىدۇ.

**14 - ماددا** دۆلەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىلغار پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇش، ئەمگەك تەشكىلاتلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

دۆلەت ئىقتىسادچىللىقنى قاتتىق يولغا قويىدۇ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرىدۇ.

دۆلەت جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلايدۇ.

دۆلەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە لايىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

**15 - ماددا** دۆلەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى



يولغا قويىدۇ.

دۆلەت ئىقتىسادقا دائىر قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، ماكرولۇق تەڭشەشنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

دۆلەت ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇشنى قانۇن بويىچە مەنئىي قىلىدۇ.

**16 - ماددا** دۆلەت كارخانىلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشكە ھوقۇقلۇق.

دۆلەت كارخانىلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ.

**17 - ماددا** كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ئالاقىدار قانۇنلارغا رىئايە قىلىش شەرتى بىلەن، ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي پائالىيەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە باشقۇرغۇچى خادىملارنى سايلايدۇ ۋە قالدۇرۇۋېتىدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە قارار چىقىرىدۇ.

**18 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ياكى چەت ئەللىك شەخسلەرنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە جۇڭگودا مەبلەغ سېلىشىغا، جۇڭگو كارخانىلىرى ياكى باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەر خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشىغا

رۇخسەت قىلىدۇ.

چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى كارخانىلىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى شۇنىڭدەك جۇڭگو، چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشى شەرت. ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى قوغدايدۇ.

**19 - ماددا** دۆلەت سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

دۆلەت ھەر خىل مەكتەپلەرنى ئېچىپ، باشلانغۇچ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، ئوتتۇرا مائارىپ، كەسپىي مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرىدۇ ھەمدە ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

دۆلەت مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، ئىشچىلار، دېھقانلار، دۆلەت خادىملىرى ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرنى سىياسىي، مەدەنىيەت، پەن، تېخنىكا ۋە كەسىپ جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ يېتىلىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

دۆلەت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، دۆلەتنىڭ كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

دۆلەت مەملىكەت بويىچە قوللىنىدىغان پۈتۈڭخۇانى ئومۇملاشتۇرىدۇ.



**20 - ماددا** دۆلەت تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، پەن ۋە تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، پەن - تەتقىقات نەتىجىسى ۋە تېخنىكا ئىجادىيەت - كەشپىياتىنى مۇكاپاتلايدۇ.

**21 - ماددا** دۆلەت داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى، زامانىۋى تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى ۋە ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ، دۆلەتنىڭ كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە كوچا تەشكىلاتلىرىنىڭ داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ، ئاممىۋى تازىلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسرايدۇ.

دۆلەت تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ، خەلقنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

**22 - ماددا** دۆلەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى، ئاخبارات، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى، نەشرىياتچىلىق، تارقىتىش ئىشلىرىنى، كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ.

دۆلەت ئاسارئەتىقىلەرنى، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە باشقا مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت

مىراسلىرىنى قوغدايدۇ.

23 ـ ماددا دۆلەت سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، زىيالىيلار قوشۇنىنى كېڭەيتىدۇ، ئۇلارغا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا رولىنى تولۇق جارى قىلىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

24 ـ ماددا دۆلەت غايە تەربىيىسى، ئەخلاق تەربىيىسى، مەدەنىيەت تەربىيىسى، ئىنتىزام ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، شەھەر ـ يېزىلاردا ئوخشاش بولمىغان دائىرىدىكى ئامما ئارىسىدا ھەر خىل قائىدە، ئەھدىنامىلەرنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ.

دۆلەت ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، خەلققە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، ئىنتېرناتسىئونالىزم، كوممۇنىزم، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم تەربىيىسى بېرىدۇ، كاپىتالىستىك، فېئودال چىرىك ئىدىيىگە ۋە باشقا چىرىك ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرىدۇ.

25 ـ ماددا دۆلەت پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ.

26 ـ ماددا دۆلەت تۇرمۇش مۇھىتىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرايدۇ ۋە ياخشىلايدۇ، بۇلغىنىشنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ



ھەمدە ئۇلارنى تىزگىنلەيدۇ.

دۆلەت كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ، دەل ـ دەرەخنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

27 ـ ماددا بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ئىخچام بولۇش پرىنسىپىنى يولغا قويىدۇ، خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە سىناش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، خىزمەت سۈپىتىنى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرىدۇ.

بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت خادىملىرى خەلقنىڭ قوللىشىغا تايىنىشى، خەلق بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ تۇرۇشى، خەلقنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىگە قۇلاق سېلىشى، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى شەرت.

28 ـ ماددا دۆلەت جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلايدۇ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ۋە دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا جىنايى ھەرىكەتلەرنى باستۇرىدۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جىنايى ھەرىكەتلەر ۋە باشقا جىنايى ھەرىكەتلەرنى جازالايدۇ، جىنايەتچىلەرنى جازالايدۇ ھەم ئۆزگەرتىدۇ.

29 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى خەلققە مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، تاجاۋۇزچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، ۋەتەننى قوغداش، خەلقنىڭ تىنچ ئەمگىكىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىش.

دۆلەت قورالىق كۈچلەرنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

**30 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە مەمۇرىي رايونلار مۇنداق ئايرىلىدۇ:

(1) پۈتۈن مەملىكەت ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرگە ئايرىلىدۇ؛

(2) ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلار ئاپتونوم ئوبلاست، ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەرلەرگە ئايرىلىدۇ؛

(3) ناھىيە ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەر يېزا، مىللىي يېزا، بازارلارغا ئايرىلىدۇ.

بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە چوڭراق شەھەرلەر رايون، ناھىيىلەرگە ئايرىلىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستلار ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەرلەرگە ئايرىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلار، ئاپتونوم ئوبلاستلار، ئاپتونوم ناھىيىلەر مىللىي ئاپتونوم جايلاردۇر.

**31 - ماددا** دۆلەت زۆرۈر تېپىلغاندا ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىدۇ. ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا يولغا قويۇلىدىغان تۈزۈمنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ قانۇندا بەلگىلەيدۇ.

**32 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگو تەۋەسىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، جۇڭگو تەۋەسىدىكى چەت ئەللىكلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشى شەرت.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سىياسىي سەۋەب بىلەن پاناھ تىلىگەن چەت ئەللىكلەرگە پاناھلىنىش ھوقۇقى بەرسە بولىدۇ.



# ئىككىنچى باب پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى

**33 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغانلىكى كىشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسىدۇر.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى قانۇن ئالدىدا باپباراۋەر.

دۆلەت ئىنسانىي ھوقۇقنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ.

ھەر قانداق پۇقرا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى شەرت.

**34 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېشى 18 گە تولغان پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، بىلىم دەرىجىسى، مال - مۈلۈك ئەھۋالى ۋە ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماي، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ لېكىن قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

**35 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

**36 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە.

ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىشىغا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدايدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە دەخلى قىلىدىغان ھەرىكەتلەردە بولۇشىغا يول قويمايدۇ.

دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ئىشلار چەت ئەل كۈچلىرىگە بېقىنمايدۇ.

**37 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىگە چېقىلىشقا بولمايدۇ.

ھەر قانداق پۇقرا خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ياكى قارارىسىز ۋە ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىسىز ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئىجراسىسىز قولغا ئېلىنمايدۇ.

پۇقرالارنى قانۇنسىز سولاش ۋە باشقا قانۇنسىز يوللار بىلەن جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش مەنئىي قىلىنىدۇ، پۇقرالارنىڭ بەدىنىنى قانۇنسىز ئاختۇرۇش مەنئىي قىلىنىدۇ.

**38 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ ئىنسانىي ئىززىتىگە چېقىلىشقا بولمايدۇ. پۇقرالارغا ھەر قانداق



يول بىلەن ھاقارەت كەلتۈرۈش، تۆھمەت قىلىش ۋە قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

**39 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ تۇرالغۇسىغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. پۇقرالارنىڭ تۇرالغۇسىنى قانۇنسىز ئاختۇرۇش ياكى ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىغا قانۇنسىز باستۇرۇپ كىرىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

**40 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى ۋە خەۋەرلىشىش مەخپىيىتىنى قانۇن قوغدايدۇ. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئېھتىياجى ياكى جىنايى ئىشلار جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ياكى تەپتىش ئورگىنى خەۋەرلىشىش مەزمۇنىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرگەندىن باشقا، ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ پۇقرالارنىڭ خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى ۋە خەۋەرلىشىش مەخپىيىتىگە ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن چېقىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**41 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خادىمىغا تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خادىمىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق قىلمىشىنى مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىش، شىكايەت قىلىش ياكى پاش قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن پاكىت ئويدۇرۇش ياكى پاكىتنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرى پۇقرالار ئەرز قىلغان، شىكايەت قىلغان ياكى پاش قىلغان ئىشلارنى ئېنىقلاپ، بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى شەرت. ھەر قانداق كىشىنىڭ

باسۇرۇپ قويۇشىغا ۋە ئۆچ ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

پۇقرالىق ھوقۇقى دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ چېقىلىشى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغانلار قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە تۆلەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

**42 ـ ماددا** جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ ئەمگەك ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار.

دۆلەت تۈرلۈك يوللار بىلەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ، ئەمگەك مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىدۇ، ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلايدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، ئەمگەك ھەققى ۋە پاراۋانلىق تەمىناتىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئەمگەك قىلىش ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە ھەممە پۇقرانىڭ شەرەپلىك بۇرچى. دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەرمۇ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەرمۇ ئۆز ئەمگىكىگە دۆلەتنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى لازىم. دۆلەت سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. دۆلەت پۇقرالارنىڭ خالىس ئەمگەككە قاتنىشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

دۆلەت ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان پۇقرالارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مۇۋاپىق تەربىيىلەيدۇ.

**43 ـ ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەكچىلىرى دەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

دۆلەت ئەمگەكچىلەر دەم ئالىدىغان ۋە كۈتۈنىدىغان ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىدۇ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش



ۋاقتىنى ۋە دەم ئېلىش تۈزۈمىنى بەلگىلەيدۇ.

**44 ـ ماددا** دۆلەت قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى پېنسىيىگە چىقىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ تۇرمۇشىنى دۆلەت ۋە جەمئىيەت كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**45 ـ ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى ياشانغاندا، كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغاندا، دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىن ماددىي ياردەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەت پۇقرالارنىڭ بۇ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

دۆلەت ۋە جەمئىيەت مېيىپ ھەربىيلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە نەپىقە بېرىدۇ، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىدۇ.

دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئەما، گاس، گاچا ۋە باشقا مېيىپ پۇقرالارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، تۇرمۇشىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشىغا ۋە بىلىم ئېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**46 ـ ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار.

دۆلەت ياشلار، ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنى تەربىيىلەپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرىدۇ.

**47 ـ ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى پەن ـ تەتقىقاتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە باشقا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكىگە

ئىگە. دۆلەت مائارىپ، پەن، تېخنىكا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى پۇقرالارنىڭ خەلققە پايدىلىق ئىجادىي خىزمىتىگە ئىلھام ۋە ياردەم بېرىدۇ.

48 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللىرى سىياسىي تۇرمۇش، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، مەدەنىيەت تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدا ئەرلەر بىلەن تەڭ ھوقۇققا ئىگە.

دۆلەت ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىدۇ، ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرىدۇ ۋە تاللاپ ئۆستۈرىدۇ.

49 ـ ماددا نىكاھ، ئائىلە، ئانا ۋە بالىنى دۆلەت قوغدايدۇ.

ئەر بىلەن خوتۇننىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش مەجبۇرىيىتى بار.

ئاتا ـ ئانىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلىرىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار، قۇرامىغا يەتكەن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار.

نىكاھ ئەركىنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ، ياشانغانلار، ئاياللار ۋە بالىلارنى خارلاش مەنئىي قىلىنىدۇ.

50 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ.

51 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى



ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولغاندا، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ئەركىنلىكىگە ۋە ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزسە بولمايدۇ.

52 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار.

53 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى، دۆلەت مەخپىيىتىنى ساقلىشى، جامائەت مال ـ مۈلكىنى ئاسرىشى، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى، جامائەت تەرتىپىگە رىئايە قىلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىشى شەرت.

54 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ ۋەتەننىڭ خەۋپسىزلىكى، شان ـ شۆھرىتى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ خەۋپسىزلىكى، شان ـ شۆھرىتى ۋە مەنپەئىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

55 ـ ماددا ۋەتەننى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا تاقابىل تۇرۇش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەر بىر پۇقراسىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

قانۇن بويىچە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا قاتنىشىش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

56 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار.

## ئۈچىنچى باب  دۆلەت ئاپپاراتلىرى

### 1 - پاراگراف  مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

**57 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنىدۇر.

**58 - ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

**59 - ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر، ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلار ۋە ئارمىيە سايلىغان ۋەكىللەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭدا ھەممە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشى كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاشقا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنى سايلاش چارىسى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

**60 - ماددا** ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى 5 يىل بولىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى توشۇشتىن



2 ئاي ئىلگىرى، كېلەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ بولۇشى شەرت. سايلام ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولۇپ قالسا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ 3 تىن 2 قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، سايلامنى كېچىكتۈرۈپ، شۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتىنى ئۇزارتسا بولىدۇ. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاياغلىشىپ 1 يىل ئىچىدە كېلەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ بولۇش شەرت.

**61 - ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يىلدا 1 قېتىم ئېچىلىدۇ، يىغىننى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چاقىرىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى زۆرۈر تاپسا ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ 5 تىن 1 قىسمىدىن كۆپرەكى تەكلىپ بەرسە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى قەرەلسىز چاقىرىلسا بولىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن ئاچقاندا، يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ھەيئەت رىياسەتنى سايلايدۇ.

**62 - ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىش؛

(2) ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش؛

(3) جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئىشلىرى، دۆلەت ئاپپاراتى ۋە باشقا ئىشلارغا دائىر تۈپ قانۇنلارنى چىقىرىش ۋە

تۈزىتىش؛

(4) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسىنى سايلاش؛

(5) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ نامزاتىنى بېكىتىش؛ گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، دۆلەت كومىسسارلىرى، مىنىستىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش ۋە باش كاتىپ نامزاتىنى بېكىتىش؛

(6) مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسىنى سايلاش؛ مەركىزىي ھەربىي كومىتېت رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەركىبىدىكى باشقا خادىملار نامزاتىنى بېكىتىش؛

(7) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى سايلاش؛

(8) ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاش؛

(9) خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، پىلاننىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش؛

(10) دۆلەت خام چوتى ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش؛

(11) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نامۇۋاپىق قارارلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش؛

(12) ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق



شەھەرلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى تەستىقلاش؛

(13) ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە تۈزۈمى توغرىسىدا قارار چىقىرىش؛

(14) ئۇرۇش ۋە تىنچلىق توغرىسىدا قارار چىقىرىش؛

(15) دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى يۈرگۈزىدىغان باشقا خىزمەت ھوقۇقلىرى.

**63 ـ ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۆۋەندىكى خادىملارنى قالدۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق:

(1) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى؛

(2) گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى، مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، دۆلەت كومىسسارلىرى، مىنىستىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش، باش كاتىپ؛

(3) مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەركىبىدىكى باشقا خادىملار؛

(4) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى؛

(5) ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى.

**64 ـ ماددا** ئاساسىي قانۇنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپى ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ 5 تىن 1 قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ تەكلىپى ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنىڭ 3 تىن 2 قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ.

قانۇن تەكلىپى ۋە باشقا تەكلىپلەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ.

65 ـ ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۆۋەندىكى خادىملاردىن تەركىب تاپىدۇ:

كومىتېت باشلىقى،

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى،

باش كاتىپ،

كومىتېت ئەزالىرى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئىچىدە مۇۋاپىق ساندا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى بولۇشى كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكىلەرنى سايلايدۇ ۋە قالدۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى ۋە تەپتىش ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ.

66 ـ ماددا ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئۇ خىزمەت ھوقۇقىنى كېلەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يېڭى دائىمىي كومىتېتىنى سايلىغىچە يۈرگۈزىدۇ.

كومىتېت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى ئۇدا 2 نۆۋەتتىن ئارتۇق ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ.

67 ـ ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) ئاساسىي قانۇننى ئىزاھلاش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا



قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش؛

(2) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چىقىرىدىغان قانۇنلاردىن باشقا قانۇنلارنى چىقىرىش ۋە تۈزىتىش؛

(3) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چىقارغان قانۇنلارنى قىسمەن تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش، لېكىن شۇ قانۇنلارنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا زىت بولماسلىق؛

(4) قانۇننى ئىزاھلاش؛

(5) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ۋە دۆلەت خام چوتىنىڭ ئىجراسى جەريانىدىكى زۆرۈر قىسمەن تەڭشەش لايىھىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش؛

(6) گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش؛

(7) گوۋۇيۈەننىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا زىت كېلىدىغان مەمۇرىي نىزام، قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى بىكار قىلىش؛

(8) ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە مەمۇرىي نىزاملارغا زىت كېلىدىغان يەرلىك نىزام ۋە قارارلىرىنى بىكار قىلىش؛

(9) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، مىنىستىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش، باش كاتىپ نامزاتىنى بېكىتىش؛

(10) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەركىبىدىكى باشقا خادىملار نامزاتىنى بېكىتىش؛

(11) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش؛

(12) ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش ھەمدە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشلىرىنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇشنى تەستىقلاش؛

(13) چەت ئەلدە تۇرىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەرنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇشنى بېكىتىش؛

(14) چەت ئەل بىلەن تۈزگەن شەرتنامە ۋە مۇھىم كېلىشىمنى تەستىقلاش ۋە بىكار قىلىشنى قارار قىلىش؛

(15) ھەربىيلەر ۋە دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ ئۇنۋان تۈزۈمى ۋە باشقا مەخسۇس ئۇنۋان تۈزۈملىرىنى بەلگىلەش؛

(16) دۆلەتنىڭ ئوردېن ۋە پەخرىي نامىنى بەلگىلەش ۋە ئۇنى بېرىشنى قارار قىلىش؛

(17) ئالاھىدە كەچۈرۈم قارارى چىقىرىش؛

(18) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، دۆلەت قوراللىق تاجاۋۇزغا ئۇچراپ قالسا ياكى



تاجاۋۇزدىن ئورتاق مۇداپىئەلىنىش توغرىسىدىكى خەلقئارا شەرتنامىلەرنى ئىجرا قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، ئۇرۇش ھالىتى ئېلان قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىش؛

(19) مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي سەپەرۋەر قىلىش ياكى قىسمەن سەپەرۋەرقىلىشنى قارار قىلىش؛

(20) مەملىكەت بويىچە ياكى ئايرىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر بويىچە جىددىي ھالەتكە ئۆتۈشنى قارار قىلىش؛

(21) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بەرگەن باشقا خىزمەت ھوقۇقى.

**68 - ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىدۇ. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى، باش كاتىپ كومىتېت باشلىقىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ.

كومىتېت باشلىقى، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى ۋە باش كاتىپتىن تەركىب تاپقان كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك مۇھىم خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**69 - ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

**70 - ماددا** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى، قانۇن كومىتېتى، مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى، مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتى، تاشقى ئىشلار

كومىتېتى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى كومىتېتىنى ۋە زۆرۈر بولغان باشقا مەخسۇس كومىتېتلارنى تەسىس قىلىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، مەخسۇس كومىتېتلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

مەخسۇس كومىتېتلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالاقىدار تەكلىپلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، قاراپ چىقىدۇ ۋە تەييارلايدۇ.

71 - ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى زۆرۈر تاپقاندا، مۇئەييەن مەسىلىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىل قىلسا ۋە تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن مۇناسىپ قارار چىقارسا بولىدۇ.

تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەكشۈرۈشتە، ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭغا زۆرۈر ماتېرىياللارنى بېرىش مەجبۇرىيىتى بار.

72 - ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىگە كىرىدىغان تەكلىپلەرنى بېرىشكە ھوقۇقلۇق.

73 - ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنى



ئېچىلىۋاتقاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلىۋاتقاندا، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە گوۋۇيۈەنگە ياكى گوۋۇيۈەننىڭ مىنىستىرلىك كومىتېتلىرىغا سۇرۇشتۇرمە بېرىشكە ھوقۇقلۇق. سۇرۇشتۇرمىنى قوبۇل قىلغان ئورگان سۇرۇشتۇرمىگە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشى شەرت.

74 - ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ھەيئەت رىياسىيىتىنىڭ رۇخسىتىسىز، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىسىز قولغا ئېلىنمايدۇ ياكى جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلانمايدۇ.

75 - ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر خىل يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى قانۇندا سۇرۇشتۇرۇلمەيدۇ.

76 - ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى، دۆلەت مەخپىيىتىنى ساقلىشى ھەمدە ئۆزى قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە، ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ياردەملىشىشى شەرت.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن ۋە خەلق بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، خەلقنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋە ئىنكاس قىلىپ تۇرۇشى، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى لازىم.

77 ـ ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇننىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. سايلىغۇچى ئورۇن ئۆزى سايلىغان ۋەكىلنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق.

78 ـ ماددا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەشكىلاتى ۋە خىزمەت تەرتىپى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

## 2 ـ پاراگراف جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى

79 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلايدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە 45 ياشقا تولغان پۇقراسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىكى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانسا بولىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئۇدا 2 نۆۋەتتىن ئارتۇق ۋەزىپە ئۆتەسە بولمايدۇ.

80 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن قانۇنلارنى ئېلان قىلىدۇ، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى، مۇئاۋىن



زۇڭلىلىرى، دۆلەت كومىسسارلىرى، مىنىستىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش، باش كاتىپنى تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ ئوردېن ۋە پەخرىي ناملىرىنى بېرىدۇ، ئالاھىدە كەچۈرۈم بۇيرۇقى چىقىرىدۇ، جىددىي ھالەتكە ئۆتۈشنى جاكارلايدۇ، ئۇرۇش ھالىتى جاكارلايدۇ، سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىدۇ.

81 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ۋاكالىتەن دۆلەت پائالىيىتى قىلىدۇ. چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە، چەت ئەلدە تۇرىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەرنى ئەۋەتىدۇ ۋە قايتۇرۇپ كېلىدۇ، چەت ئەل بىلەن تۈزگەن شەرتنامە ۋە مۇھىم كېلىشىملەرنى تەستىقلايدۇ ۋە بىكار قىلىدۇ.

82 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەئىسنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەئىسنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، رەئىسنىڭ قىسمەن خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزسە بولىدۇ.

83 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى خىزمەت ھوقۇقىنى كېلەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلىغان رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىس ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغۇچە يۈرگۈزىدۇ.

84 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ ئورنى بوش قالغاندا، مۇئاۋىن رەئىس رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ئورنى

بوش قالغاندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تولۇقلاپ سايلايدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ ئورنىمۇ، مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ئورنىمۇ بوش قالغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تولۇقلاپ سايلايدۇ؛ تولۇقلاپ سايلىغىچە مۇۋەققەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمي كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋاقىتىنچە ئۆتەپ تۇرىدۇ.

## 3 ـ پاراگراف گوۋۇيۈەن

**85 ـ ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گوۋۇيۈەنى يەنى مەركىزي خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي مەمۇري ئورگىنىدۇر.

**86 ـ ماددا** گوۋۇيۈەن تۆۋەندىكى خادىملاردىن تەركىب تاپىدۇ:

زۇڭلى،
مۇئاۋىن زۇڭلىلار،
دۆلەت كومىسسارلىرى،
مىنىستىرلار،
كومىتېت مۇدىرلىرى،
باش مۇپەتتىش،
باش كاتىپ.

گوۋۇيۈەندە زۇڭلى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلاردا مىنىستىر، مۇدىر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

گوۋۇيۈەننىڭ تەشكىلاتى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.



**87 ـ ماددا** گوۋۇيۈەننىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

زۇڭلى، مۇئاۋىن زۇڭلى، دۆلەت كومىسسارى ئۇدا 2 نۆۋەتتىن ئارتۇق ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ.

**88 ـ ماددا** زۇڭلى گوۋۇيۈەننىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. مۇئاۋىن زۇڭلىلار، دۆلەت كومىسسارلىرى زۇڭلىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ.

زۇڭلى، مۇئاۋىن زۇڭلىلار، دۆلەت كومىسسارلىرى ۋە باش كاتىپتىن گوۋۇيۈەن دائىمي كېڭىشى تەشكىل قىلىنىدۇ.

زۇڭلى گوۋۇيۈەن دائىمي كېڭىشىنىڭ يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئومۇمي يىغىنىنى چاقىرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

**89 ـ ماددا** گوۋۇيۈەن تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا بىنائەن، مەمۇري تەدبىرلەرنى بەلگىلەش، مەمۇري نىزاملارنى چىقىرىش، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى ئېلان قىلىش؛

(2) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمي كومىتېتىغا تەكلىپ بېرىش؛

(3) مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلەش، مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلارنىڭ خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ھەمدە مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلارغا تەۋە بولمىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك مەمۇري خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش؛

(4) پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت

مەمۇري ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، مەركەزدىكى دۆلەت مەمۇري ئورگانلىرى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك دۆلەت مەمۇري ئورگانلىرىنىڭ كونكرېت خىزمەت ھوقۇقىنى بەلگىلەش؛

(5) خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، دۆلەت خام چوتىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش؛

(6) ئىقتىسادىي خىزمەتكە ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش؛

(7) مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش؛

(8) خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇري خىزمىتى ۋە مەمۇري تەپتىش خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەم بۇ خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش؛

(9) تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇش، چەت ئەللەر بىلەن شەرتنامە ۋە كېلىشىم تۈزۈش؛

(10) دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش؛

(11) مىللەتلەر ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛

(12) جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ مۇۋاپىق ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى



قوغداش؛

(13) مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ نامۇۋاپىق بۇيرۇق، يوليورۇق ۋە قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش؛

(14) يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇري ئورگانلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش؛

(15) ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ چېگرىسىنى تەستىقلاش، ئاپتونوم ئوبلاست، ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە ۋە شەھەرلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە چېگرىسىنى تەستىقلاش؛

(16) ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر دائىرىسىدىكى قىسمەن جايلارنىڭ جىددىي ھالەتكە ئۆتۈشىنى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە بېكىتىش؛

(17) مەمۇري ئاپپاراتلارنىڭ شتاتىنى بېكىتىش، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مەمۇري خادىملارنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش، تەربىيىلەش، سىناش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش؛

(18) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەرگەن باشقا خىزمەت ھوقۇقلىرى.

**90 - ماددا** گوۋۇيۈەندىكى مىنىستىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ مىنىستىرلىك ئىشلىرى يىغىنى ۋە كومىتېت يىغىنى، كومىتېت ئىشلىرى يىغىنى چاقىرىپ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمىتىگە دائىر چوڭ - چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدۇ.

مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلار قانۇنغا، گوۋۇيۈەننىڭ

مەمۇرىي نىزام، قارار ۋە بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن بۇيرۇق، يوليورۇق ۋە قائىدىلەرنى ئۆز تارمىقىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە چىقىرىدۇ.

**91 ـ ماددا** گوۋۇيۇەندە ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇ گوۋۇيۇەن تارماقلىرى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى، دۆلەتنىڭ مالىيە ـ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋە كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلارنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى تەپتىش، نازارەت قىلىدۇ.

ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى تەپتىشلىك، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى گوۋۇيۇەن زۇڭلىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، باشقا مەمۇرىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ.

**92 ـ ماددا** گوۋۇيۇەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

## 4 ـ پاراگراف مەركىزىي ھەربىي كومىتېت

**93 ـ ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تۆۋەندىكى خادىملاردىن



تەركىب تاپىدۇ:

رەئىس،

مۇئاۋىن رەئىسلەر،

كومىتېت ئەزالىرى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتتا رەئىس مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**94 ـ ماددا** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

## 5 ـ پاراگراف يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى

**95 ـ ماددا** ئۆلكە، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر، ناھىيە، شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايون، يېزا، مىللىي يېزا، بازارلاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلاتى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەردە ئاپتونومىيە ئورگىنى تەسىس قىلىنىدۇ. ئاپتونومىيە

ئورگىنىنىڭ تەشكىلاتى ۋە خىزمىتى ئاساسىي قانۇننىڭ 3- باب 5-، 6 - پاراگرافىدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپلار بويىچە قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

**96 - ماددا** يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدۇر.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنىدۇ.

**97 - ماددا** ئۆلكىلىك، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە رايون بار شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى سايلايدۇ؛ ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار بىۋاستە سايلايدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە ۋۇجۇدقا كېلىش چارىسى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

**98 - ماددا** يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى 5 يىل بولىدۇ.

**99 - ماددا** يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە مەمۇرىي نىزاملارنىڭ ئەمەل قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە قارارلارنى ماقۇللايدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ، شۇ جايىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە جامائەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى پىلانىنى تەكشۈرىدۇ ۋە بېكىتىدۇ.



ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، خامچوتىنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىجراسى ھەققىدىكى دوكلاتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نامۇۋاپىق قارارلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى بىكار قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

مىللىي يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى مىللىي ئالاھىدىلىككە ماس كېلىدىغان كونكرېت تەدبىرلەرنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە قوللانسا بولىدۇ.

**100 - ماددا** ئۆلكىلىك، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا ۋە مەمۇرىي نىزاملارغا زىت كەلتۈرمەسلىك شەرتى بىلەن، يەرلىك نىزاملارنى چىقىرىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ.

**101 - ماددا** يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى، يەنى ئۆلكىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، شەھەرنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى ۋە مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى، رايوننىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، يېزىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، بازارنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى سايلايدۇ ھەمدە قالدۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ

باشلىقى ۋە شۇ دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلايدۇ ھەمدە قالدۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق. خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سايلانغان ياكى قالدۇرۇلىدىغان باش تەپتىشىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىش شەرت.

**102 - ماددا** ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، رايون بار شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆزىنى سايلىغان ئورۇننىڭ نازارىتىدە بولىدۇ؛ ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلارنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچى ئورۇن ۋە سايلىغۇچىلار ئۆزى سايلىغان ۋەكىلنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

**103 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە كومىتېت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى سايلايدۇ ھەمدە قالدۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك



خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى ۋە تەپتىش ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ.

**104 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ خىزمەتلىرىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىدۇ ۋە قارار قىلىدۇ؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامۇۋاپىق قارارى ۋە بۇيرۇقىنى بىكار قىلىدۇ؛ بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نامۇۋاپىق قارارىنى بىكار قىلىدۇ؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئايرىم ۋەكىللىرىنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىدۇ ۋە تولۇقلاپ سايلايدۇ.

**105 - ماددا** يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرى ۋە دۆلەتنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرىدۇر.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئۆلكە باشلىقى، شەھەر باشلىقى، ھاكىم، رايون باشلىقى، يېزا باشلىقى، بازار باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

**106 - ماددا** يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق

ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**107 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋە مالىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مىللەتلەر ئىشلىرى، ئەدلىيە مەمۇرىي ئىشلىرى، مەمۇرىي تەپتىش، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق مەمۇرىي خىزمەتلەرنى باشقۇرىدۇ، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى ئېلان قىلىدۇ. مەمۇرىي خادىملارنى تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، سىنايدۇ، مۇكاپاتلايدۇ ۋە جازالايدۇ.

يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنىنىڭ قارارى ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي خىزمەتلىرىنى باشقۇرىدۇ.

ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا، مىللىي يېزا، بازارلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ۋە چېگرىسىنى بەلگىلەيدۇ.

**108 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قارمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، قارمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ



نامۇۋاپىق قارارىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى بىكار قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**109 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى تەسىس قىلىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە تەپتىشلىك، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

**110 - ماددا** يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىر دەرىجە يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى بولۇپ، بىردەك گوۋۇيۈەنگە بويسۇنىدۇ.

**111 - ماددا** شەھەر ۋە يېزىلاردا ئاھالە ئولتۇراقلاشقان رايون بويىچە تەسىس قىلىنغان شەھەر ئاھالە كومىتېتى ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتتۇر. شەھەر ئاھالە كومىتېتىنىڭ ۋە

كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنى ئاھالىلەر سايلايدۇ. شەھەر ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

شەھەر ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتىدا خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى، ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى، ئاممىۋى تازىلىق ھەيئىتى قاتارلىق ھەيئەتلەر تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆز رايونىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلارنى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ، ئەل ئارا ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىدۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشقا ياردەملىشىدۇ ھەمدە خەلق ھۆكۈمىتىگە ئاممىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ ۋە تەكلىپ بېرىدۇ.

## 6 ـ پاراگراف مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى

**112** ـ **ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدۇر.

**113** ـ **ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن باشقا، شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىقى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتىگۈچىلەر ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بولۇشى كېرەك.



**114** ـ **ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ۋەكىللىرىدىن بولىدۇ.

**115** ـ **ماددا** ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇننىڭ 3 ـ باب 5 ـ پاراگرافىدا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىدۇ.

**116** ـ **ماددا** مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق. ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملىرى ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن كۈچكە

ئىگە بولىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**117 - ماددا** مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەرلىك مالىيىنى باشقۇرىدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسى بويىچە مىللىي ئاپتونوم جايلارغا تەئەللۇق بولغانلىكى مالىيە كىرىمىنى مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ.

**118 - ماددا** مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

دۆلەت مىللىي ئاپتونوم جايلاردا بايلىق ئېچىش ۋە كارخانا قۇرۇشتا، مىللىي ئاپتونوم جاينىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

**119 - ماددا** مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئاسراش ۋە رەتلەش، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇشتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدۇ.

**120 - ماددا** مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمى بويىچە ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، ئۆز جايىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىنى تەشكىل قىلسا بولىدۇ.

**121 - ماددا** مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە



ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا، شۇ مىللىي ئاپتونوم جاينىڭ ئاپتونومىيە نىزامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل - يېزىقنى قوللىنىدۇ.

**122 - ماددا** دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىغا مالىيە، ئەشيا، تېخنىكا جەھەتتىن ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىدۇ.

دۆلەت مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ شۇ جايدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## 7 - پاراگراف خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

**123 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى دۆلەتنىڭ سوت ئورگانلىرىدۇر.

**124 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنى ۋە ھەربىي سوت مەھكىمىسى قاتارلىق مەخسۇس خەلق سوت مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىدۇ.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئۇ ئۇدا 2 نۆۋەتتىن ئارتۇق ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلاتى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

125 ـ **ماددا** قانۇندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلونى پۈتۈنلەي ئوچۇق قاراپ چىقىدۇ، جاۋابكارلار ئاقلىنىشقا ھوقۇقلۇق.

126 ـ **ماددا** قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، مەمۇرىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ.

127 ـ **ماددا** ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئالىي سوت ئورگىنىدۇر.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋە مەخسۇس خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ.

128 ـ **ماددا** ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆزىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

129 ـ **ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكى ئورگىنىدۇر.

130 ـ **ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش



مەھكىمىلىرىنى ۋە ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق مەخسۇس خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىدۇ.

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئۇ ئۇدا 2 نۆۋەتتىن ئارتۇق ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلاتى قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

131 ـ **ماددا** قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تەپتىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، مەمۇرىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ.

132 ـ **ماددا** ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالىي تەپتىش ئورگىنىدۇر.

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە مەخسۇس خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

133 ـ **ماددا** ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۆزىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

134 ـ **ماددا** ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئۆزىنىڭ مىللىي

تىل - يېزىقى بىلەن دەۋالىشىشقا ھوقۇقلۇق. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جايلاردا قاراپ چىقىش ئىشلىرى شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك؛ ئەيىبنامە، ھۆكۈمنامە، ئېلان ۋە باشقا ھۆججەتلەر ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل يېزىق بىلەن جاكارلىنىشى كېرەك.

**135 - ماددا** خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىشتە ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇپ، بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، بىر - بىرىنى چەكلەپ، قانۇننىڭ توغرا ۋە ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## تۆتىنچى باب دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى، دۆلەت گېربى، پايتەخت

**136 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى — بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى — «پىدائىيلار مارشى».



**137 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى ئوتتۇرىسىغا بەش يۇلتۇز نۇرى ئاستىدىكى تيەنئەنمېنىنىڭ، چۆرىسىگە باشاقلار ۋە چىشلىق چاقنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

**138 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى — بېيجىڭ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان تاھىر
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2
2004 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—4060
ISBN 7—228—08700—3
باھاسى (50 كىتاب) : 190.00 يۈەن

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلىرى (I)

| | |
|---|---|
| 1. ئاساسىي قانۇنى | 3.80 |
| 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى | 3.80 |
| 3. مائارىپ قانۇنى | 3.80 |
| 4. تۈرمە قانۇنى | 3.80 |
| 5. كېسىم قانۇنى | 3.80 |
| 6. مەمۇرىي دەۋا قانۇنى | 3.80 |
| 7. سۇغۇرتا قانۇنى | 3.80 |
| 8. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى | 3.80 |
| 9. ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش قانۇنى | 3.80 |
| 10. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى | 3.80 |
| 11. كىملىك قانۇنى | 3.80 |
| 12. مېيىپلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى | 3.80 |
| 13. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى | 3.80 |
| 14. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى | 3.80 |
| 15. ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش قانۇنى | 3.80 |
| 16. شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى | 3.80 |
| 17. شىركەت قانۇنى | 3.80 |
| 18. مۇھىت ئاسراش قانۇنى | 3.80 |
| 19. نىكاھ قانۇنى | 3.80 |
| 20. مىراسخورلۇق قانۇنى | 3.80 |
| 21. قېزىلما بايلىق قانۇنى | 3.80 |
| 22. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى | 3.80 |
| 23. يېزا ئىگىلىك قانۇنى | 3.80 |
| 24. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى [illegible] | 3.80 |
| 25. ئورمان قانۇنى | 3.80 |
| 26. تاۋار ماركىسى قانۇنى | 3.80 |
| 27. يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى | 3.80 |
| 28. بېقىۋېلىش قانۇنى | 3.80 |
| 29. سۇ قانۇنى | 3.80 |
| 30. سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش قانۇنى | 3.80 |
| 31. باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 32. يەر باشقۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 33. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى | 3.80 |
| 34. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى | 3.80 |
| 35. ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى | 3.80 |
| 36. جىنايى ئىشلار قانۇنى | 3.80 |
| 37. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى | 3.80 |
| 38. دورا باشقۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 39. ياۋايى ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى | 3.80 |
| 40. پۇقرا مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى | 3.80 |
| 41. پوچتا قانۇنى | 3.80 |
| 42. ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى | 3.80 |
| 43. پاتېنت قانۇنى | 3.80 |
| 44. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى | 3.80 |
| 45. دۆلەت تۆلەم قانۇنى | 3.80 |
| 46. شەھەر ئۆي - زېمىنلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 47. ئەمگەك قانۇنى | 3.80 |
| 48. ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى | 3.80 |
| 49. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قانۇنى | 3.80 |
| 50. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى | 3.80 |

ISBN 7-228-08700-3

9 787228 087006 >

ISBN 7—228—08700—3

(民文) 定价(一套 50 本): 190.00 元

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ ...... 3

ئىككىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ...... 7

ئۈچىنچى باب ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقى ...... 10

تۆتىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ...... 19

بەشىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەت ...... 20

ئالتىنچى باب يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ...... 22

يەتتىنچى باب قوشۇمچە پرىنسىپ ...... 29



图书在版编目(CIP)数据

中华人民共和国民族区域自治法/全国人大常委会编；新疆维吾尔自治区人大常委会办公厅法律法规译文审定小组译。—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004.4

(中华人民共和国法律丛书)

ISBN 7－228－08700－3

Ⅰ.区… Ⅱ.①全… ②新… Ⅲ.区域自治法—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）

Ⅳ.D921.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 029468 号

责任编辑：买买提·吾买尔

责任校对：木尼热

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001)

新疆新华书店发行

新疆新华印刷厂印刷

850×1168 毫米　32 开本　1.125 印张

2004 年 4 月第 1 版　2004 年 4 月第 1 次印刷

印数：1—4060

ISBN 7－228－08700－3　　定价(共 50 本)：190.00 元

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى

(1984 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان. 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 20 ـ يىغىنىنىڭ «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن تۈزىتىلدى)

## كىرىش سۆز

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا قىلغان، بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم بويىچە ھەل قىلىدىغان تۈپ سىياسىتى، دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە كاپا-

لەتلىك قىلىدۇ دېگەن روھنى، دۆلەت مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى قەتئىي يولغا قويىدۇ دېگەن پرىنسىپنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە غايەت زور رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، بۇ تۈزۈمنىڭ دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى رولى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى قەتئىي يولغا قويۇش ئۈچۈن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش شەرت؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىنى، تۈرلۈك كەسپىي خادىملىرىنى ۋە تېخنىك ئىشچىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش شەرت؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشى شەرت؛ دۆلەت خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىگە تىرىشىپ ياردەم بېرىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرىشىدە، چوڭ



مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىتتىپاقلاشقان، گۈللەنگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش، ۋەتىنىمىزنى باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىدۇ.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى تۈپ قانۇن.

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاش-

قان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە دەپ ئايرىلىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمى.

**3 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدۇر.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى يولغا قويىدۇ.

**4 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇننىڭ 3 ـ باب 5 ـ پاراگرافىدا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاساسىي قانۇندا ۋە مۇشۇ قانۇندا ھەم باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىدۇ.

ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەۋەسىدە رايون، ناھىيە بار شەھەرلىك يەرلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

**5 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ شۇ جايدا رىئايە قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت.

**6 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ



سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى ئاساسىدا، ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ھوقۇقلۇق.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

**7 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى پائال ئورۇندىشى لازىم.

**8 ـ ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ،

ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تىرىشىپ ياردەم بېرىدۇ.

9 - ماددا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ، ھەر قانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئى قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان قىلمىشلارنى مەنئى قىلىدۇ.

10 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

11 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدايدۇ.

ھەر قانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، پۇقرالارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ئىشلار چەت ئەل كۈچلىرىگە بېقىنمايدۇ.



## ئىككىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

12 - ماددا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، شۇ جاينىڭ مىللىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق شارائىتلىرىغا قاراپ ھەمدە تارىخىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىنىپ، بىر ياكى بىر قانچە ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلغان ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلسا بولىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دائىرىسىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مۇناسىپ ئاپتونومىيىلىك جاي ياكى مىللىي يېزا قۇرۇلىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، خەنزۇ ياكى باشقا مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم رايونلار ۋە شەھەر - بازارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ.

13 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ نامى يەر نامى، مىللەت نامى، مەمۇرىي ئورنى رەتى بويىچە ئاتىلىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا.

14 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى، چېگرىسىنىڭ ئايرىلىشى، نامىنىڭ ئاتىلىشىنى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى ئالاقىدار يەرلىك دۆلەت ئورگىنى بىلەن بىرلىكتە ئالاقىدار مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ بېكىتىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەستىقلىتىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ياكى قوشۇۋېتىشكە بولمايدۇ؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ چېگرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ؛ ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇۋېتىش ياكى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ بېكىتىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەستىقلىتىدۇ.

**15 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدۇر.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ خەلق ھۆكۈمىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە بىر دەرىجىلىك يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدۇر. ئۇلار گوۋۇيۈەنگە بويسۇنىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي ۋە خىزمىتى ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىدا ياكى ئايرىم نىزاملىرىدا بەلگىلىنىدۇ.

**16 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان



مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بولغاندىن تاشقىرى، شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشى كېرەك.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئىگىلەشكە تېگىشلىك سانى ۋە نىسبىتىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپقا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقراسىدىن بولغان مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلار بولۇشى كېرەك.

**17 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەركىبىدىكى باشقا خادىملار ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتنىڭ خادىملىرى مۇۋاپىق ساندا بولۇشى كېرەك.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

**18 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونو-

مىيە ئورگانلىرى قارمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كادىرلىرى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتنىڭ خادىملىرى مۇۋاپىق ساندا بولۇشى كېرەك.

## ئۈچىنچى باب ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى

**19 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشكە ھوقۇقلۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزام مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزامى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**20 ـ ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ قارار، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگىنى شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، جانلىق ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدۇ؛ شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 60 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشى كېرەك.



**21 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا، شۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل - يېزىقنى قوللىنىدۇ؛ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر نەچچە خىل تىل - يېزىقنى تەڭ قوللىنىدىغانلىرى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئاساس قىلسا بولىدۇ.

**22 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا قاراپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى قاتارلىق كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ ھەمدە مىللەت ئاياللىرىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى خادىم قوبۇل قىلغاندا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىشقا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا ئېتىبار ۋە ئىلھام بەرسە بولىدۇ.

**23 ـ ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئادەم ئېلىشتا، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئالىدۇ ھەمدە يېزىلار ۋە

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىدىن ئالسا بولىدۇ.

24 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمى ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز جايىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىل قىلسا بولىدۇ.

25 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش فاڭجېنى، سىياسىتى ۋە پىلانىنى تۈزۈپ، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

26 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك تەڭ راۋاجلاندۇرۇلىدىغان تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرىدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىدۇ.

27 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شۇ جايدىكى ئوتلاق، ئورمانىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى بېكىتىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى



ئوتلاق ۋە ئورمانىنى قوغدايدۇ، بەرپا قىلىدۇ، كۆچەت تىكىش، ئوت ـ چۆپ تېرىش ئىشلىرىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ. ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئوتلاق ۋە ئورمانغا ھەر قانداق ۋاستە بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ. ئوتلاق ۋە ئورمانىنى بۇزۇپ تېرىلغۇ يەر ئېچىشنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ.

28 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى باشقۇرىدۇ ۋە مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا ئاساسەن، شۇ جاي ئاچسا بولىدىغان تەبىئىي بايلىقنى ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ.

29 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچى ۋە باشقا كونكرېت شارائىتىغا قاراپ، يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

30 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايغا قاراشلىق كارخانىلارنى، كەسپىي ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ.

31 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە بىنائەن، تاشقى ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، تاشقى سودا پورتىنى قۇرسا بولىدۇ.

چەت ئەل بىلەن چېگرىداش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تاشقى ئىقتىساد ـ سودا

پائالىيىتىدە دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

32 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسى بىر دەرىجىلىك مالىيە، شۇنداقلا دۆلەت مالىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەرلىك مالىيىنى باشقۇرىدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسى بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تەئەللۇق بولغانلىكى مالىيە كىرىمىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشى لازىم.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن مالىيە تۈزۈلمىسى بويىچە، دۆلەت يولغا قويغان مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىدىغان، قېلىپلاشقان تۈزۈم ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە خام چوت چىقىمىدا، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئېھتىيات مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، زاپاس خىراجىتىنىڭ خام چوتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتىكى رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مالىيە خام چوتىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئارتۇق كىرىم قىلغان ۋە چىقىمدىن تېجەپ قالغان مەبلەغنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ.

33 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ تۈرلۈك چىقىم ئۆلچىمى، شتاتى ۋە نورمىسى توغرىسىدا، دۆلەت بەلگىلىگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قوشۇمچە بەلگىلىمە ۋە كونكرېت چارە تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. ئاپتونوم



رايون تۈزگەن قوشۇمچە بەلگىلىمە ۋە كونكرېت چارە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ؛ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر تۈزگەن قوشۇمچە بەلگىلىمە ۋە كونكرېت چارە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىلىدۇ.

34 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ باج قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن، كېمەيتىلىدىغان ۋە كەچۈرۈم قىلىنىدىغان باج تۈرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەرلىك مالىيە كىرىمىگە ياتىدىغان، باج جەھەتتە ئېتىبار بېرىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش زۆرۈر بولغان بەزى باج تۈرلىرىنى كېمەيتىسە ياكى كەچۈرۈم قىلسا بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر باجنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ.

35 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە يەرلىك سودا بانكىسى ۋە شەھەر - يېزا ئامانەت - قەرز ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرسا بولىدۇ.

36 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا ئاساسەن، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۆز جايىنىڭ مائارىپ پىلانى، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئوقۇش مۇددىتى، باشقۇرۇش شەكلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش تىلى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چارىسىنى بەلگىلەيدۇ.

37 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ، 9 يىل-

لىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئادەتتىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، شارائىت ۋە ئېھتىياجغا قاراپ ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاز سانلىق مىللەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت تاغلىق رايونلىرىدا ياتاقلىق بولۇش ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش ئاساس قىلىنغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇشىنى تاماملىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەكتەپ باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى شۇ جاينىڭ مالىيىسىدىن ھەل قىلىنىدۇ، شۇ جاينىڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيىدىن ياردەم بېرىلىشى كېرەك.

ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان مەكتەپلەر (سىنىپلار) ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىدىن شارائىتى بارلىرى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىكلەرنى قوللىنىشى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتۈشى كېرەك؛ ئەھۋالغا قاراپ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقى ياكى يۇقىرى يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئورتاق قوللىنىلىدىغان پۇتۇڭخۇانى ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى كېڭەيتىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىك ۋە نەشر بۇيۇملىرىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى مالىيە جەھەتتىن قوللىشى



كېرەك.

38 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي شەكىل ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات، سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنى كۆپەيتىدۇ، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئالاقىدار ئورۇن ۋە تارماقلارنى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتتىگە ئائىت كىتابلارنى يىغىش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىشقا تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ، مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقىلىرى، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدايدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

39 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىدۇ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ.

40 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىدۇ، زامانىۋى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يۇقۇملۇق كېسەل، يەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش خىزمىتىنى ھەم ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى

ساقلاش ئىشلىرىنى كۈچەيتىدۇ، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش
شارائىتىنى ياخشىلايدۇ.

41 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونو-
مىيە ئورگانلىرى تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇ-
رۇپ، مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇ-
رۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەن ساپاسىنى ئاشۇرىدۇ.

42 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونو-
مىيە ئورگانلىرى مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ سەن-
ئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا جايلار بى-
لەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئاپتونومىيە ئور-
گانلىرى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مائارىپ، پەن ـ
تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق
جەھەتلەردە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلسا بولىدۇ.

43 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونو-
مىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاقما نو-
پۇسنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

44 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پىلانلىق تۇ-
غۇتنى ۋە ساغلام تۇغۇش، ئوبدان بېقىشنى يولغا قويۇپ، ھەر
مىللەت ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى
قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھ-
ۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش چارىسىنى
تۈزۈپ چىقىدۇ.

45 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونو-
مىيە ئورگانلىرى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى
ئاسراپ ۋە ياخشىلاپ، بۇلغىنىشنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەت-
نىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ، نوپۇس، بايلىق ۋە
مۇھىتنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.



## تۆتىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى

46 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق
سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى شۇ دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى
ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپ-
تىش مەھكىمىلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلە-
رىنىڭ سوت خىزمىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە يۇقىرى
دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى-
نىڭ خىزمىتى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە يۇقىرى
دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولى-
دۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلە-
رى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خادىملى-
رى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت-
نىڭ خادىملىرى بولۇشى كېرەك.

47 ـ ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق
سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دېلو سوتلاش
ۋە تەپتىش قىلىشتا، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلنى
قوللىنىشى ھەمدە شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق
مىللەت تىل ـ يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان خادىملارنى مۇۋاپىق

سەپلىشى كېرەك. شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى كېرەك. قانۇن ھۆججەتلىرىدە ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل يېزىقنى قوللىنىشى كېرەك. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىپ دەۋالىشىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

## بەشىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەت

48 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بىرلىكتە گۈللەندۈرىدۇ.

49 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا بىر - بىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىدۇ. خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە ئورتاق قوللىنىلىدىغان پۇتۇڭخۇانى ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى دۆلەت خادىملىرىدىن شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان 2 خىلدىن ئارتۇق تىل - يېزىقنى پىششىق ئىگىلىگەنلىرىنى مۇكاپاتلاش كېرەك.



50 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىپ ئاپتونومىيىلىك جاي ياكى مىللىي يېزا قۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىدۇ.

51 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان ئالاھىدە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىشى، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشى شەرت.

52 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

53 - ماددا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوممۇنىزم ۋە مىللىي سىياسەت توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا بىر - بىرىگە ئىشىنىش، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، بىر - بىرىنىڭ تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي

ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بىرلىكتە قوغداش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

## ئالتىنچى باب يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى

**54 - ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا دائىر قارار، بېكىتمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

**55 - ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىشى، تۈزۈشى ۋە يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

دۆلەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەيدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى لازىم.

**56 - ماددا** دۆلەت بىر تۇتاش پىلان ۋە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق



ئېچىش تۈرلىرى ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دۆلەت چوڭ - چوڭ ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە مەبلەغ سېلىشتا سېلىنما سالمىقى ۋە بانكىدىن بېرىلىدىغان سىياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇل سالمىقىنى مۇۋاپىق ئاشۇرىدۇ.

دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يۈرۈشلەشكەن مەبلەغ سېلىشى زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئوخشىمىغان ئەھۋالغا قاراپ، يۈرۈشلەشكەن مەبلەغنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىدۇ.

دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىشىگە، ئەمەلىي تېخنىكا ۋە تەرەققىيات شارائىتىغا ئىگە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشىگە، ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مۇۋاپىق يۆرۈشۈشكە پائال يېتەكلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يۆتكەپ بەرگەندە، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا قاراپ، ئىلغار، يارامىلىق ئۈسكۈنە ۋە ھۈنەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**57 - ماددا** دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پۇل بازىرى ۋە كاپىتال بازىرىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتە يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنما تۈرلىرى ۋە دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كارخانىلارنىڭ بايلىق ئېچىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى مۇۋاپىق مەبلەغ تەلىپىنى نۇقتىلىق قوللىشى لازىم.

دۆلەت سادا بانكىلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا

سېلىنىدىغان كىرىدىت سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، شۇ جايدىكى كارخانىلارنىڭ مۇۋاپىق مەبلەغ تەلىپىنى پائال قوللىشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

**58 - ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشىغا، كەسىپ قۇرۇلمىسى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگە مالىيە، پۇل مۇئامىلە، ئىختىساس ئىگىلىرى قاتارلىق جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ.

يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا باشقۇرغۇچىلار ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا بېرىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى كارخانا باشقۇرغۇچىلار ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانىلارغا بېرىپ ئىشلەشكە يېتەكلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك.

**59 - ماددا** دۆلەت تۈرلۈك خاس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار - يۆلەك بولىدۇ.

دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك خاس مەبلەغ ۋە مىللىي رايونلارغا بېرىلىدىغان ۋاقىتلىق مەخسۇس ياردەم پۇلىنى ھەر قانداق تارماقنىڭ ئازايتىۋېتىشىگە، تۇتۇپ قېلىشىغا، ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نورمال خام چوت كىرىمى ئورنىغا دەسسىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**60 - ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ مىللىي سودا سىياسىتىگە ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سودا، تەمىنات - سودا ۋە تېببىي دورا كارخانىلىرىنى مەبلەغ،



پۇل مۇئامىلە، باج قاتارلىق جەھەتلەردىن يۆلەيدۇ.

**61 - ماددا** دۆلەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تاشقى ئىقتىساد - سودىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار يۆلەك بولىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ تاشقى سودا تىجارىتىدىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىدۇ، يەرلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەھسۇلاتلار ئېكسپورتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ، چېگرا سودىسىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ.

**62 - ماددا** خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە تارمىقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىشنى تەدرىجىي كۆچەيتىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش ئۈچۈن، مالىيىدىن ئادەتتىكى يۆتكەپ چىقىم قىلىش، مەخسۇس يۆتكەپ چىقىم قىلىش، مىللىي رايونلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئارقىلىق يۆتكەپ چىقىم قىلىش ئۇسۇلى ھەمدە دۆلەت بەلگىلىگەن باشقا ئۇسۇللار بىلەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىدۇ.

**63 - ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مەبلەغ، پۇل مۇئامىلە، باج قاتارلىق جەھەتتىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق شارائىتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسەلىرى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى ياخشىلىشىغا يار - يۆلەك بولىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ شۇ جايدىكى بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، يەرلىك سانائەت، يېزا - بازار كارخانىلىرى، ئوتتۇرا،

كىچىك كارخانىلارنى، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە
ئېھتىياجلىق تاۋارلار ۋە ئەنئەنىۋى قول سانائەت بۇيۇملىرىنى
ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا يار ـ يۆلەك بولىدۇ.

64 ـ ماددا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئىق-
تىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار
بىلەن ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە كۆپ قاتلاملىق، كۆپ
تەرەپلىمىلىك سىستېما بويىچە ياردەمنى قانات يايدۇرۇشقا تەش-
كىللەپ، مەدەت بېرىپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، مىللىي ئاپتونومى-
يىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنى-
يەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بې-
رىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى لازىم.

65 ـ ماددا دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا باي-
لىق ئاچقاندا، قۇرۇلۇش قىلغاندا، شۇ جاينىڭ مەنپەئىتىنى
ئويلىشىپ، ئۇنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق
قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك. دۆلەت
تەدبىر قوللىنىپ، تەبىئىي بايلىق چىقىرىدىغان مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارغا مۇئەييەن مەنپەئەت تولۇقلىمىسى بېرىدۇ.

دۆلەت ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى كارخانىلارنى
ئۆز ئارا ئېتىبار بېرىش ، مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويى-
چە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مەبلەغ سېلىپ، كۆپ خىل
شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەي-
دۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

66 ـ ماددا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق،
مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە تۈزەيدىغان چوڭ ـ
چوڭ قۇرۇلۇشلىرىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات
پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.



دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، مۇھىت ئاسراش
ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا دۆلەت
مۇئەييەن مەنپەئەت تولۇقلىمىسى بېرىدۇ.

ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخس مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلاردا بايلىق ئېچىش، قۇرۇلۇش قىلىشتا، ئۈنۈملۈك تەدبىر
قوللىنىپ، شۇ جاينىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك
مۇھىتىنى ئاسرىشى ۋە ياخشىلىشى، بۇلغىنىشنىڭ ۋە باشقا ئىج-
تىمائىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى تىزگىنلىشى كېرەك.

67 ـ ماددا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرى
دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئادەم ئېلىشتا، ئالدى بىلەن شۇ
جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئېلىشى كېرەك.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئو-
رۇنلار شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھو-
قۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، شۇ جاينىڭ ئاپتونومىيە نىزامى، ئايرىم
نىزاملىرى ۋە يەرلىك نىزام، قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشى، شۇ
جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى
كېرەك.

68 ـ ماددا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ما-
قۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قا-
راشلىق كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتسە
بولمايدۇ.

69 ـ ماددا دۆلەت ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈ-
مەتلىرى مالىيە، پۇل مۇئامىلە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئىختى-
ساس ئىگىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلاردىكى نامرات رايونلارنى يەنىمۇ يۆلەپ، نامرات ئاھالىنىڭ
نامراتلىقتىن تېز قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە ياردەم

بېرىشى كېرەك.

70 - ماددا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ شۇ جايدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق ساندىكى ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، پەن - تېخنىكا خادىمى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشقا تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئەۋەتىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىدۇ.

71 - ماددا دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىدۇ ھەمدە ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تېز ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە باشقا مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

دۆلەت مىللىي ئالىي مەكتەپ ئېچىپ، ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ، مىللىي تەييارلىق سىنىپ ئېچىپ، مەخسۇس ياكى ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، نىشانلىق تەقسىم قىلىش چارىسىنى قوللانسا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملار يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۆلچىمى ۋە شەرتىنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇۋېتىدۇ، ئاھالىسى ئىنتايىن ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەكتەپلەر كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى-



نىڭ ئوقۇشىنى تاماملىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

دۆلەت تەرەققىي تاپقان رايونلاردا مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىپ ياكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا مائارىپنى يولغا قويىدۇ.

دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشى ۋە تەربىيىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. دۆلەت ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ۋەزىپە ئۆتەش شەرتىگە لايىق كېلىدىغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىپ مائارىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەيدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارغا تەمىنات جەھەتتە مۇناسىپ ئېتىبار بېرىدۇ.

72 - ماددا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى، مىللىي سىياسەت ۋە ئالاقىدار قانۇنلارغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

## يەتتىنچى باب قوشۇمچە پرىنسىپ

73 - ماددا گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە، بۇ قانۇننى يولغا قويۇش ئۈچۈن مەمۇرىي نىزام، قائىدە، كونكرېت تەدبىر ۋە چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ۋە تەۋەسىدە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە بار ئۆلكىلىك، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ قانۇننى يولغا قويۇش-

نىڭ كونكرېت چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

**74 - ماددا** بۇ قانۇن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللاندى. 1984 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.



مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 1.125
2004 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—4060
ISBN 7—228—08700—3
باھاسى (50 كىتاب): 190.00 يۈەن

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلىرى (I)

| | |
|---|---|
| 1. ئاساسىي قانۇنى | 3.80 |
| 2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى | 3.80 |
| 3. مائارىپ قانۇنى | 3.80 |
| 4. تۈرمە قانۇنى | 3.80 |
| 5. كېسىم قانۇنى | 3.80 |
| 6. مەمۇرىي دەۋا قانۇنى | 3.80 |
| 7. سۇغۇرتا قانۇنى | 3.80 |
| 8. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى | 3.80 |
| 9. ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش قانۇنى | 3.80 |
| 10. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى | 3.80 |
| 11. كىملىك قانۇنى | 3.80 |
| 12. مېيىپلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى | 3.80 |
| 13. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى | 3.80 |
| 14. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى | 3.80 |
| 15. ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش قانۇنى | 3.80 |
| 16. شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى | 3.80 |
| 17. شىركەت قانۇنى | 3.80 |
| 18. مۇھىت ئاسراش قانۇنى | 3.80 |
| 19. نىكاھ قانۇنى | 3.80 |
| 20. مىراسخورلۇق قانۇنى | 3.80 |
| 21. قېزىلما بايلىق قانۇنى | 3.80 |
| 22. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى | 3.80 |
| 23. يېزا ئىگىلىك قانۇنى | 3.80 |
| 24. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 25. ئورمان قانۇنى | 3.80 |
| 26. تاۋار ماركىسى قانۇنى | 3.80 |
| 27. يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى | 3.80 |
| 28. بېقىۋېلىش قانۇنى | 3.80 |
| 29. سۇ قانۇنى | 3.80 |
| 30. سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش قانۇنى | 3.80 |
| 31. باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 32. يەر باشقۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 33. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى | 3.80 |
| 34. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى | 3.80 |
| 35. ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى | 3.80 |
| 36. جىنايى ئىشلار قانۇنى | 3.80 |
| 37. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى | 3.80 |
| 38. دورا باشقۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 39. ياۋايى ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى | 3.80 |
| 40. يۇقىرا مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى | 3.80 |
| 41. پوچتا قانۇنى | 3.80 |
| 42. ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى | 3.80 |
| 43. پاتېنت قانۇنى | 3.80 |
| 44. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى | 3.80 |
| 45. دۆلەت تۆلەم قانۇنى | 3.80 |
| 46. شەھەر ئۆي - زېمىنلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى | 3.80 |
| 47. ئەمگەك قانۇنى | 3.80 |
| 48. ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى | 3.80 |
| 49. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قانۇنى | 3.80 |
| 50. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى | 3.80 |

ISBN 7-228-08700-3

9 787228 087006 >

ISBN 7—228—08700—3

(民文) 定价(一套 50 本): 190. 00 元